


# ئېلىپبە

# ئېلىپبە

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى بىلەن شىنجاڭ
خەلق نەشرىياتىنىڭ ئۇيغۇر تەھرىر
بۆلۈمى تۈزگەن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: جامالىدىن مۇھەممەدى

# ئېلىپبە

| № | ئايرىم هالدىكى شەكلى | باشتىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئوتتۇرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئاخىرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | ئا، ا | — | — | ـا | ئا |
| 2 | ب | بـ | ـبـ | ـب | بې |
| 3 | پ | پـ | ـپـ | ـپ | پې |
| 4 | ت | تـ | ـتـ | ـت | تې |
| 5 | د | — | — | ـد | دې |
| 6 | ئە، ە | — | ـەـ | ـە | ئە |
| 7 | ج | جـ | ـجـ | ـج | جې |
| 8 | چ | چـ | ـچـ | ـچ | چې |
| 9 | خ | خـ | ـخـ | ـخ | خې |
| 10 | ھ | ھـ | ـھـ | ـھ | ھې |
| 11 | ئو، و | — | — | ـو | ئو |
| 12 | ئۇ، ۇ | — | — | ـۇ | ئۇ |
| 13 | س | سـ | ـسـ | ـس | سې |
| 14 | ش | شـ | ـشـ | ـش | شې |
| 15 | ر | — | — | ـر | رې |
| 16 | ز | — | — | ـز | زې |

| № | ئايرىم ھالدىكى شەكلى | باشتىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئوتتۇرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | ئاخىرىدىن قوشۇلىدىغان شەكلى | نامى |
|---|---|---|---|---|---|
| 17 | ژ | — | — | ـژ | ژې |
| 18 | ۋ | — | — | ـۋ | ۋې |
| 19 | ئو، و | — | — | ـو | ئو |
| 20 | ئۇ، ۇ | — | — | ـۇ | ئۇ |
| 21 | ف | فـ | ـفـ | ـف | فې |
| 22 | ق | قـ | ـقـ | ـق | قې |
| 23 | ك | كـ | ـكـ | ـك | كې |
| 24 | ڭ | ڭـ | ـڭـ | ـڭ | ڭې |
| 25 | ئې، ې | ئېـ ېـ | ـېـ | ـې | ئې |
| 26 | ئى، ى | ئىـ ىـ | ـىـ | ـى | ئى |
| 27 | ي | يـ | ـيـ | ـي | يې |
| 28 | غ | غـ | ـغـ | ـغ | غې |
| 29 | گ | گـ | ـگـ | ـگ | گې |
| 30 | ل | لـ | ـلـ | ـل | لې |
| 31 | م | مـ | ـمـ | ـم | مې |
| 32 | ن | نـ | ـنـ | ـن | نې |



# ئا ا ا

ئا ئا ئا    ا ا ا    ا ا ا



# ت تـ ـتـ ـت

ت ـ ا    تا    ئات    ئا ـ تا

| | |
|---|---|
| ئا — تا | ئاتا |
| ئات — تا | ئاتتا |



# ﻧ ﻨ ﻦ ﻥ

نان

| | |
|---|---|
| ئا ـ نا | ئانا |
| تا ـ نا | تانا |

ئاتا تانا ئانا نان

نا

ئا ـــ ت

تا



# ل ل ل ل

| | | |
|---|---|---|
| ئال | ئا ـ لا | ئالا |
| تال | لا ـ تا | لاتا |
| نان | تا ـ لا | تالا |

ئالا ئات لاتا تالا

ئانا نان ئال. ئاتا ئات ئال.

ﻣ ﻤ ﻢ م 

| | | |
|---|---|---|
| مال | ما ـ نا | مانا |
| تام | ما ـ تا | ماتا |
| نام | ئا ـ مان | ئامان |

مال ئامان تامام ئالما مانتا
نامان مانا نان. ئاتام ئانام
ئانا ئالما ئال.



# ﺲ ﺴ ﺳ س

| | | |
|---|---|---|
| سا | سا ــ مان | سامان |
| ئاس | ئا ــ سان | ئاسان |
| سات | ئاس ــ لان | ئاسلان |
| سان | ئاس ــ تا | ئاستا |

سال سالام سالما سامسا ئاستا
تاسما ئاستانا تاس - تاس
ئانا تانا سات.



# ئە ئـ ـە ە

| | | |
|---|---|---|
| ئەل | ئە — مەت | ئەمەت |
| ئەن | ئەس — لە | ئەسلە |
| مەن | سا — ئەت | سائەت |
| سەن | سەن — ئەت | سەنئەت |

ئەلەم تەنتەنە سەمەت سانائەت
ئەتە ئەمەت سائەت ئال.



# ﺷ ﺸ ﺶ ش

| | | |
|---|---|---|
| شام | ئەش ـــ مە | ئەشمە |
| شال | تەش ـــ نا | تەشنا |
| تاش | تاش ـــ لا | تاشلا |
| مەش | ئاش ـــ لا | ئاشلا |

شامال شالا ئاش ماش شاتلان

شاما تەشنا ئانا ئاش ئەت.



# ﺑ ﺒ ﺐ ﺏ

| | | |
|---|---|---|
| باش | با — لا | بالا |
| بەل | شەن — بە | شەنبە |
| بەت | بەس — بەس | بەس — بەس |

بەش بەس-بەستە بالام شەبنەم
باشلا بومبا شەنبە ئەبەت
ئابلەت ئالما سات. بالام تانا ئەش.



# ئو و

| | | |
|---|---|---|
| ئوت | ئو — سا | ئوسا |
| ئون | ئو — تا | ئوتا |
| بوش | بوس — تان | بوستان |
| بول | ئوس — ما | ئوسما |

بوستان ئوسمان ئوما سوتلاش
ئوبلاست سول ئوسال مول
بوستان ئوت ئوتا.



# ک کـ ـکـ ـک

| | | |
|---|---|---|
| کەل | کەل ــ مەک | کەلمەک |
| کەت | کەت ــ مەک | کەتمەک |
| کەس | کا ــ مال | کامال |
| کەم | کەک ــ لیک | کەکلیک |

کات کالا کەکە کالتا کولا

ئاکا کوک کالتەک تەکلیماکان

کامال کەکە ئال. ئاکا کەکلیک ئات.

## ر ر



| | | |
|---|---|---|
| رەت | را — سا | راسا |
| تار | راس — لا | راسلا |
| شار | ئا — رال | ئارال |
| تارت | تا — را | تارا |

ئانار ئامبار راست ئارا رەتلەش
كورلا ئورمان رومال رەسسام بوران
رەنا نان راسلا. ساتتار ئانار ئال.



# ز ز

| | | |
|---|---|---|
| زور | زا — مان | زامان |
| زال | زور — لاش | زورلاش |
| ساز | ئا — زات | ئازات |
| ئاز | با — زار | بازار |

توز تازا سەز بەز زاكا
زاماسكا ئەزا زەربە بوزەك
ئازات ئوما ئور. ئازات زامان.



# ئۆ ۆ

| | | |
|---|---|---|
| ئۆز | ئۆك — تەم | ئۆكتەم |
| كۆز | ئۆت — نە | ئۆتنە |
| تۆت | ئۆل — كە | ئۆلكە |
| سۆز | ئۆر — كەش | ئۆركەش |

ئۆتكەمە ئۆزئارا ئۆشكە بۆرە
بۆرەك تۆك سۆك تۆلە تۆش
ئەكرەم بۆرە ئات. ئەكبەر سۆزلە.

# پ ﭘ ﭙ ﭗ



| | | |
|---|---|---|
| پات | پال ــ تا | پالتا |
| پار | ئوپ ــ كە | ئوپكە |
| پاك | پوپ ــ كا | پوپكا |
| پەن | پا ــ شا | پاشا |

پاراسەت پولات لامپا پالەك

مەكتەپ باپكار پاتەم پات كەل.

پاشا پوپكا ئال.

# ئـ (ـىـ) ـى ى ئى



| | | |
|---|---|---|
| ئىل | ئىك — كى | ئىككى |
| ئىش | ئىس — سىق | ئىسسىق |
| تىل | ئىش — لەش | ئىشلەش |
| بىل | نا — سىر | ناسىر |

سىناش زىرە شىشە بالىلىرى
ئانا تىلى ئىلى نىشان ماشىنا
ئىسلام ئانا تىلى دەرسى ئوتتى.
بەكرى ئانا تىل دەرسىنى تەكرارلاپ كەل.
ئەزىمەت ساما سالدى.



# ق ﻗ ﻘ ﻖ

| | | |
|---|---|---|
| قان | قىسـ — ـقا | قىسقا |
| قەن | قا — سىم | قاسىم |
| ئاق | مىلـ — ـتىق | مىلتىق |
| ساق | قورقـ — ـقاق | قورققاق |

قەشقەر قانات قانائەت قارار

قاسىم قوناق سوقتى. ئانا قاق سال

ئاتا ئاتقا تاقا قاق.



# ئېـ ېـ ـېـ ـې ئې

| | | |
|---|---|---|
| ئېتىز | ئې — نىق — لا | ئېنىقلا |
| تېرىق | ئې — لىپ — بە | ئېلىپبە |
| ئېرىق | كې — سەل | كېسەل |
| سېرىق | كې — سەك | كېسەك |
| ئېلىش | بې — رىش | بېرىش |

بېلىق بېنزىن قېتىق ئېنىقلاش

ئېزىز ئەقىللىق بالا. ئېلى قېنى؟

ئېلى مەكتەپكە كەتتى.

رىسالەت قېتىق ساتتى.



# ﺟ ﺠ ﺞ ﺝ

| | | |
|---|---|---|
| جان | جا — زا | جازا |
| باج | جا — پا | جاپا |
| جەم | جى — رىم | جىرىم |
| جىم | نى — جات | نىجات |

جامائەت جەرەن جەزمەن جىنەستە

سانجىق تەجرىبە مىجىت مىجەز ئىجات

تەرجىمە جاپپار جامال خاتىرجەم

جىنايەت جامال جىرىم ئىكتى. تاجىنىسا

خاتىرجەم بول. جىلىل جەرەن ئاتتى.



# ي يـ ـيـ ـي

| | | |
|---|---|---|
| ياش | ساي — لام | سايلام |
| يىل | يا — سىن | ياسىن |
| ئۆي | يا — را | يارا! |
| يول | يە — تىم | يېتىم |
| ئاي | يا — مان | يامان |

قابىلىيەت قايماق قاراماي ئالتاي
بايلىق يايلاق بايراق يازلىق پارتىيە
تەييار توققۇز ساراي يېزا زىيالى
يولداشلار جاپالىق ئىشلەيلى. قويلار
يايلاقتا ئوتلىماقتا. نىياز يايلاققا كەتتى.



# گ ـگ ـگـ گـ

| | | |
|---|---|---|
| گەپ | گې ـ زىت | گېزىت |
| گەز | گى ـ لەم | گىلەم |
| ئەگ | ئەم ـ گەك | ئەمگەك |
| توگە | گا ـ زىر | گازىر |

ئەگلەك جىگەر ئەتىگەن سەگەك
گىلاس گىرانات كۆرگەزمە گىيا گاز
گېزىتخانا ئەمگەك شەرەپلىك. بىز ئەم-
گەك سۆيىمىز. ئايىمىنىسا گىلەمنى قاقتى.
يېزا ئىگىلىگى تەرەققى قىلماقتا.



# ﭼ ﭽ ﭻ چ

| | | |
|---|---|---|
| چاي | چى — نە | چىنە |
| چاچ | چاق — ماق | چاقماق |
| چەك | ئو — چاق | ئوچاق |
| چەم | چاق — قان | چاققان |

چاپان ئاچا چىرايلىق چىمەنزار
چىچەن چوچەك چىلەك چىت ئىشچى
چاپسان ئىشچان كوچەت چەكمەن
چەكسىز چەمبەرچەس چەتئەل
ئاچا چەينەكتە چاي قاينات. ئاسىيە
چىنە ئېلىپ چىق. زەينەپ چىچەن قىز.



# ﻏ ﻐ ﻎ غ

| | | |
|---|---|---|
| غاز | غو — را | غورا |
| باغ | ناغ — را | ناغرا |
| تاغ | قە — غەز | قەغەز |
| قىغ | غا — لىپ | غالىپ |

غىنى غەلىبە زىغىر غەزەل غەيرەت

قول ياغلىق يارغول ياغاچچى ئاغىنە

ئوغاق ئوغلاق

غاپپار غەيرەتلىك بالا. غەيرەت ئىش-
چان يىگىت. سالامەت ئىلغار ئىشچى.

بىز تاغنى تالقان، چولنى بوستان قىلىمىز.



# د ـد

| | | |
|---|---|---|
| دورا | دو — را | داغ |
| داكا | دا — كا | دان |
| دالدا | دال — دا | داپ |
| بالداق | بال — داق | دات |

داش دەپتەر دەرس دولەت ئادىل

قادىر دەريا سادىر دادىل دائىم

دالان دانا دالا دادا

تارىم دەرياسى دىلبەر دەپتەر ئالدى.

مەن قېرىنداش ئالدىم. دادام ئېتىزدا ئىشلىدى.



# خـ ـخـ ـخ خ

| | | |
|---|---|---|
| خور | خو — راز | خوراز |
| خەلق | خەرى — تە | خەرىتە |
| خەت | خىز — مەت | خىزمەت |
| خام | خى — يال | خىيال |
| خال | دى — خان | دىخان |

خىراجەت خالات خالىسانە خوشاللىق

بىخەتەر تەخسە خالىدەم خاتىرە

خان ئۆيى ئەخلاق ئىختىيار

خاسىيەت مەكتەپتىن خوشال قايتتى.

خەيرىنىسا پاختا تەردى.



# ئۇ ـۇ ۇ

| | | |
|---|---|---|
| ئۇن | ئۇ — سۇل | ئۇسۇل |
| قۇم | ئۇ — زۇن | ئۇزۇن |
| تۇز | بۇلـ — بۇل | بۇلبۇل |
| تۇر | بۇ — لاق | بۇلاق |

ئۇستاز ئوقۇتقۇچى ئۇيۇل تاش

ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى غۇلجا ئاقسۇ

تۇرپان قۇمۇل كۇچار بالاساغۇن

ئىدىقۇت سۇلتانەم

سۇلتان ئاكام ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەيدۇ. لۇتپۇللا مۇتەللىپ — ئاتاقلىق شائىر.



# ڭـ ـڭـ ـڭ ڭ

| | | |
|---|---|---|
| تاڭ | يا — ڭاق | ياڭاق |
| چوڭ | يې — ڭى | يېڭى |
| جەڭ | شا — لاڭ | شالاڭ |
| چىڭ | زا — راڭ — زا | زاراڭزا |

سەرەڭگە قوڭغۇراق جوڭگو شاڭخەي

شىنجاڭ دولتىمىزنىڭ پايتەختى — بېيجىڭ.

تاڭنۇر بېيجىڭگە ئۇقۇشقا كەتتى.

شىنجاڭنىڭ زىمىنى كەڭ، بايلىغى مول،
يېرى مۇنبەت، خەلقى ئەمگەكچان.

خوتەننىڭ گىلىمى داڭلىق.



# ئۇ ۇ ۇ

| | | |
|---|---|---|
| ئۇن | ئۇ — زۇم | ئۇزۇم |
| تۇن | ئۇ — زۇك | ئۇزۇك |
| كۇن | ئۇ — رۇك | ئۇرۇك |

تۇز تۇزۇم كۇلكە كوڭۇل ئۇرۇمچى ئۇچتۇرپان ئوز - ئوزىدىن قانائەتلىنىش — ئۇگىنىشنىڭ دۇشمىنى. ئىش ئوملۇكتە، كۇچ بىرلىكتە. ئانا تىلىمىزنى مەڭگۇ سۇيۇپ ئۇگىنىمىز. ئايىلغاننى ئىيىق يەپتۇ، بولۇنگەننى بورى.



# ۋ ۋ

| | | | |
|---|---|---|---|
| ۋە ــ تەن | ۋەتەن | ۋا ــ راق | ۋاراق |
| ۋە ــ دە | ۋەدە | ۋا ــ قىت | ۋاقىت |
| كا ــ ۋا | كاۋا | تا ــ ۋۇز | تاۋۇز |

ۋاپا ساۋاق ئەۋلات چارۋا ۋەتەنپەرۋەر

جۇڭگو ــ بىزنىڭ ۋەتىنىمىز. بىز ۋەتىنى-
مىزنى قىزغىن سۆيىمىز. ۋاسىل بۈگۈنكى
يىغىندا بىزگە ۋەكىل بولۇپ سۆزلىدى.
ۋاقىت ــ ئالتۇندىن قىممەت. بەشكى-
رەم ــ مىۋىلەر كانى. ناۋايى ــ ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ ئۇلۇغ شائىرلىرىدىن بىرى.



# ھ ـھـ

| | | |
|---|---|---|
| ھور | ھا — ۋا | ھاۋا |
| ھال | ھە — رە | ھەرە |
| ھول | مېھ — نەت | مېھنەت |

شەھەر تـوھـپـە ھىكايە قەھـرىمان

باھار كەلدى، ھەممەياق يېشىللىققا پۈركەن- دى. باھار نىمىدىگەن گۈزەل — ھە!

ھورۇننىڭ ئەتىسى تۈگىمەس. ھالال مېھ- نەت قىلساڭ ئەجرىڭ يەردە قالماس.

ماھمۇت قەشقىرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئالىملىرى.



# ف ﻓ ﻔ ﻒ

| | | |
|---|---|---|
| فاب — رى — كا | فابرىكا فون — تان | فونتان |
| تې — لې — فون | تېلېفون فىر — ما | فىرما |
| تې-لې-گى-راف | تېلېگىراف فى — لىم | فىلىم |
| فېۋ — رال | فېۋرال فو — جيەن | فوجيەن |

فارابى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوتتۇرا ئە-
سىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىمى. ئۇ ئۆز هايا-
تىدا 140 پارچىدىن ئارتۇق كىتاپ يازغان.
يولداش هامىت پوچتا-تېلېگىراف ئىدارى-
سىدا ئىشلەيدۇ. قەشقەر پاختا توقۇمىچىلىق
فابرىكىسى مەھسۇلات سۈپىتىنى يىلمۇ-يىل
ئۈستۈرمەكتە. مەن قادىر بىلەن تېلېفوندا
سۆزلەشتىم.




# ژ ژ

| | | | |
|---|---|---|---|
| ژور — نال | ژورنال | چۇژ — گۇن | چۇژگۇن |
| گەژ — گە | گەژگە | ئۇژ — مە | ئۇژمە |
| غۇژ — مەك | غۇژمەك | پۇر — ژى — نا | پۇرژىنا |
| ۋاژ — ۋۇژ | ۋاژ-ۋۇژ | پاژ — پۇژ | پاژ-پۇژ |
| گاژ — گۇژ | گاژ-گۇژ | ۋىژ — ۋىژ | ۋىژ-ۋىژ |

بىز نۇرغۇن گېزىت-ژورناللارغا مۇشتىرى بولدۇق. هاشىم پىژ-پىژ ئىسسىقتا چىداپ جاپالىق ئەمگەك قىلدى.

## تەكرارلاش

1) توۋەندىكى ھەرپلەرنى ئۇزئارا سې-لىشتۇرۇڭ:

ب پ ت    ك گ ڭ

ج چ خ    ر ز ژ

2) توۋەندىكى ھەرپلەرنى پەرقلەندۇرۇپ توغرا ئوقۇڭ ۋە ھەر بىرىگە بىرنەچچىدىن سوز تۇزۇڭ.

ئا ئە    ئې ئى

ئو ئۇ    ھ يى

ئۆ ئۈ    ف پ

3) ئۇزىڭىز بىلىدىغان ئوي سەرەمجان-لىرىنىڭ نامىنى يېزىڭ.

4) توۋەندىكى سوزلەرنىڭ ھەربىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈپ يېزىپ كېلىڭ.

ئاتا ئانا مانا پات دىخان ئاسان جاۋاپ

ئوقۇغۇچى خوشال ھىكايە زىغىر مېنىڭ ئۆگىنىش

# ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى — بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز.

ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ زېمىنى كەڭ، ئاھالىسى كۆپ، بايلىقى مول. تېررىتورىيىسى 9 مىليون 6 يۈز مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، نوپۇسى 975 مىليون.

ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى — بېيجىڭ.

مەملىكىتىمىزدە 22 ئۆلكە، 5 ئاپتونوم رايون ۋە مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق 3 شەھەر بار.

مەركەزگە بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر: بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەي.

ئۆلكىلەر: فۇجيەن، گەنسۇ، گۇيجۇ، گۇاڭدۇڭ، خېبېي، خۇبېي، خۇنەن، خېنەن، خېيلۇڭجياڭ، جىلىن، جياڭشى، جياڭسۇ، جېجياڭ،

لياۋنىڭ، چىڭخەي، سەنشى، سىچۇەن، شەن-
دۇڭ، شەنشى، تەيۋەن، يۈننەن، ئەنخۇي.

ئاپتونوم رايونلار: گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپ-
تونوم رايونى، ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم را-
يونى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى، شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، شىزاڭ ئاپتونوم رايونى.

بىزنىڭ ۋەتىنىمىز — كۆپ مىللەتلىك
سوتسىيالىستىك مەملىكەت، ئۇنىڭدا 50 نەچچە
مىللەت ياشايدۇ. جۇڭگو خەلقى — ئەمگەكچان،
باتۇر خەلق. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيە-
سىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر مىللەت خەلقى
بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، يېزا ئىگىلىكىنى، سا-
نائەتنى، دۆلەت مۇداپىئەسىنى ۋە پەن-
تېخنىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئومۇمى يۈزلۈك
ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مەملىكىتىمىزنى سوتسىيا-
لىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك مەملىكەت
قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىپ
كۈرەش قىلماقتا.

## پارتىيە ھەققىدە قوشاق

پارتىيىنىڭ زامانى،
خەلقىمىزنى ھور قىلدى.
قاراڭغۇنى يورۇتۇپ،
يۇرتىمىزنى نۇر قىلدى.

قۇۋۋەت بەرگەچ پارتىيە،
قۇرۇلۇشنى باشلىدۇق.
يېڭى ئۇستەڭ قېزىشنى،
راسا ئىگىز قاشلىدۇق.

كوچەت تىكتۇق قىرلارغا،
بوستان بولۇپ كوكەردى.
بەخت بېرىپ پارتىيە،
تەربىيلەپ ئۇستەردى.

پەرۋاز قىلىپ لاچىنلار،
كوكتە قانات قاقىدۇ.
پارتىيىگە مۇھەببەت،
دەريا بولۇپ ئاقىدۇ.

ئېتىز قىلدۇق رەتمۇ-رەت
يېزىمىزنىڭ يېرىنى.
ئۇنتۇمايمىز ئەبىدى
پارتىيىنىڭ مېھرىنى.

— ئۇيغۇر خەلق قوشاقلىرىدىن

## تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى

1. چېكىت (.) جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن: ئاكام ئوقۇشقا كەتتى. مەن ساۋاتلىق بولدۇم.

2. سوئال (؟) بەلگىسى سوئال جۈملە-لەرنىڭ ئاخىرىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن: تاپشۇ-رۇقنى ئىشلىدىڭمۇ؟ مەكتەپتىن قاچان كەلدىڭ؟

3. ئۈندەش (!) بەلگىسى ئۈندەش ۋە كۈچلۈك ھېس-ھاياجاننى بىلدۈرىدىغان جۈم-لىلەردىن كېيىن قويۇلىدۇ. مەسىلەن: ياشىسۇن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقى! ئېخ ۋەتىنىم! سەن نېمىدېگەن سۈيۈملۈك، باي ۋە گۈزەلسەن!؟

4. پەش (،) بەلگىسى جۈملىلەردە توخ-تاپ ئوقۇلىدىغان جايلارغا ۋە بىر خىل بو-لەكلەر ئارىسىغا قويۇلىدۇ. مەسىلەن: باغنىڭ

ئىچى ياپ - يېشىل چىمەنلىك بولۇپ، ئۇلار ياز بويى ياشىرىپ تۇرىدۇ. شىنجاڭ باغلىرىدا ئالما، ئۆرۈك، نەشپۈت، ئەنجۈر، ئانار، ئۈزۈم، شاپتۇل، قارائۆرۈك، پىستە، بادام، جىنەستە ھەم ياڭاقلار بار.

5. قوش تىرناق (« ») بەلگىسى جۈملە ئىچىدە كەلگەن كىتاپ، گېزىت - ژورنال، ماقالا ۋە ئەسەرلەرنىڭ ناملىرى قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن: ئاكام «ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرى» دىگەن كىتاپنى ئوقۇپ چىقتى. بىز «شىنجاڭ گېزىتى» گە مۇشتىرى بولدۇق.

# نەسرىدىن ئەپەندىم لەتىپىلىرىدىن

بىر كۈنى باللار مەكتەپكە كېتىپ بارسا، ئەپەندىمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن بېرىپتۇ - دە، تايىسى سىنىپقا كىرىشنى بىلمەي، تەمتىرەپ قاپتۇ. ئۇنى كورگەن باللار:

— ئەپەندىم نىمىنى ئىزلەيلا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوقۇيدىغان يەرنى تاپالمايۋاتىمەن، — دەپتۇ ئەپەندىم.

— ياشلىرى چوڭ تۇرسا، قانداق بولغىنى؟

— بىلىم ئېلىش قېرى، ياش دەپ تاللى - مايدىغاندۇ؟ — دەپتۇ ئەپەندىم.

× ×

ئەپەندىم مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدا، مۇئەللىم ئۇنىڭدىن:

— ئەپەندىم، تونتىن تونىى ئالسا قان-
چىسى قالىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ئەپەندىم
جاۋاپ بېرەلمەپتۇ. مۇئەللىم ئاچچىغلاپ:

— هوي ئەپەندىم، قېنى سىنىڭ مەكتەپتە
ئوقۇغىنىڭ، يانچۇغىڭدا تۇت تەڭگە بولسا،
شۇ تۇت تەڭگە چۈشۈپ قالسا، يانچۇغىڭدا
نىمە قالىدۇ؟ — دەپ چۈشەندۇرۇپتۇ.

— مۇئەللىم، تاپتىم، پۇل چۈشۈپ قال-
غان تۇشۇك قالىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ
ئەپەندىم.

# تۈلكىنىڭ تەقسىماتى

يولۋاس، بورە، تۈلكە ئۈچى كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئوۋغا چىقىپ، بىر توشقان، بىر قىرغاۋۇل، بىر كىيىكنى تۇتۇپتۇ. ئۇنى قانداق يېيىش ئۈستىدە گەپ بولغاندا يولۋاس بورىگە:

— بۇ ئولجىلارنى سەن تەقسىم قىل! — دەپ بۇيرۇپتۇ.

— ماقۇل، — دەپتۇ بورە، — توشقان كىچىك جانىۋار ئىكەن، ئۇنى ئۆز ھالىغا قاراپ تۈلكە يىسۇن، قىرغاۋۇلنى مەن يەي، جاناپلىرى چوڭ بولغاندىكىن كىيىكنى يىسىلە!

بۇ تەقسىماتنى ئاڭلىغان يولۋاس ئاچچىغىغا بەس كېلەلمەي بورىنى بىر ئۇرۇپتىكەن، بورىنىڭ بىر كوزى چاچراپ چىقىپ كېتىپتۇ. ئاندىن يولۋاس تۈلكىگە:

— سەن تەقسىم قىلىپ باققىنا! — دەپتۇ.

— خوپ بولىدۇ، — دەپ تەقسىماتقا كىرىشىپتۇ تۈلكە، — توشقان جاناپلىرىنىڭ ناشتىلىغى بولسۇن. قىرغاۋۇل چۈشلۈكلىرى بولسۇن، كىيىك كەچلىكلىرى بولسۇن. جاناپ-لىرىدىن ئاشقىنىنى بىز يەيلى، بولمىسا مەيلى.

تۈلكىنىڭ تەقسىماتى يولۋاسقا بەك يې-قىپ كېتىپتۇ-دە، تۈلكىدىن:

— مۇنداق توغرا تەقسىم قىلىشنى سەن نەدىن ئۆگەندىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ. تۈلكە دەررۇلا:

— بورىنىڭ چاچراپ چىققان كوزىدىن ئۆگەندىم تەقسىر! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

# ماقال - تەمسىللەر

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگى - رويۇڭ سامان بولماس.

يالغۇز ئاتنىڭ چىڭى چىقماس،
چىڭى چىقسىمۇ، دېڭى چىقماس.

ئورنىنى كىم كولىسا، ئوزى چۈشەر.

ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە،
هايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا.

مەرت سوزىدىن قايتماس،
يولۋاس ئىزىدىن (قايتماس).

ئادەمنىڭ باهاسى ئىلىم بىلەن.

بىلىمسىز بىرنى يېگەر،
بىلىملىك مىڭنى (يېگەر).

يالغانچىنىڭ قۇيرۇغى بىر تۇتام.

ھەق ئېگىلىسمۇ سۇنماس.

قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس.

ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.

بىلىملىكنىڭ باھاسى يوق،
بىلىمسىزنىڭ ساپاسى.

# يۇسۇپ خاس ھاجىپ تىل توغرىسىدا

كىشىنىڭ بەختلىك ۋە ئابرويلۇق بولۇشى تىل بىلەن. بەختسىز، خار ۋە ھالاك بولۇشىمۇ تىل بىلەن.

ئۆزەڭ ئۈچۈن تېچلىق ۋە ئاراملىق تىلىسەڭ، كېرەكسىز، زەرەرلىك سۆزلەرنى قىلما.

كۆپ سۆزلىمە، ئاز سۆزلە. ئون مىڭ سۆزنىڭ تۈگۈنىنى بىر سۆز بىلەن يەش.

ئىككى نەرسە بىلەن ئادەم قېرىمايدۇ: بىرسى، ياخشى خۇلۇق، يەنە بىرسى، ياخشى سۆزدۇر.

# ئىككى تېپىشماق

1. تېپىڭلارچۇ بۇ نىمە؟

يول ماڭمايسەن يىراققا،
ئالساڭ ئۇنى قولاققا.
جاۋاپ كىبلەر شۇ هامان
سەن سورىغان سوراققا.
ئوخشاش ئۇنىڭ سۆزىنى
شەهەر، سەهرا هەم تاققا.

2. تېپىڭلارچۇ بۇ نىمە؟

جىسمى بارۇ، جېنى يوق،
ئاغزى بارۇ، تىلى يوق.
ئېتىۋارلىق بەكمۇ ئۇ،
يۇرمەيدىغان يېرى يوق.

ئېتىز، خامان، باغلاردا
يايلاق، ئورمان، تاغلاردا،
ناخشا ئېيتار، ساز چالار،
ھەتتا چوڭقۇر خاڭلاردا.
سوزلەپ بېرەر ھەممىنى
ئىش - چېلىشنى، غەلبىنى.

# يۇرەك سوزى

ئا. خوجا (پىونېرلار دەپتىرىدىن)

گاڭ - تومۇردىن ياسىۋالغان،
يۇگرۇك ئېتىم بار.
قاڭشىرىدا "پەنگە هۇجۇم"
دىگەن خېتىم بار.

شۇ ئېتىمنىڭ قاناتلىرى،
ئۇچقۇر شامالدىن.
بىمالاللا ئوتەر ئۇچۇپ،
توسقۇن - قامالدىن.

گاھ چاپىمەن تاغدىن - تاققا،
ئېدىرلار بويلاپ.
پىشقەدەم ئالىملارنىڭ
ئىزىنى بويلاپ.

چوڭقۇر قېزىپ يەر باغرىنى
كىرگۈم كېلىدۇ.
يەر ئاستىنىڭ ھال-دەردىنى
بىلگۈم كېلىدۇ.

گاھ چاپسەن يۇلتۇز ئارا،
پەلەككە ئورلەپ.
كەڭ ئاسماننىڭ ئېچىلمىغان
سىرىنى كوزلەپ.

پىلانېتتىن-پىلانېتقا
قونغۇم كېلىدۇ.
ئەڭ يېڭىچە ئاستىرانوم
بولغۇم كېلىدۇ.

گاھ چاپسەن باغمۇ-باققا
ئېتىز ئارىلاپ.
زىرائەتلەر دۇنياسىدىن
ئەۋرىشكە تاللاپ.

پەن بېغدا ھارماي شۇنداق
چاپقۇم كېلىدۇ.
پەن بابىدىن يېڭى ۋاراق
ئاچقۇم كېلىدۇ!......

# تۈلكە بىلەن قاۋان

بىر تۈلكە يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپ، تۇيۇق-سىزلا بىر چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ھەرقانچە قىلىپمۇ چىقالماپتۇ. دەل شۇ چاغدا بىر قاۋان (توڭگۇز) سۇ ئىزلەپ يۈ-رۈپ، ھېلىقى ئازگالنىڭ يېنىغا كەپتۇ ۋە ئازگالدىكى تۈلكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا:

— ھەي تۈلكىۋاي! بۇ يەردە نىمە قى-لىۋاتىسەن؟ — دەپتۇ.

— ۋاي نىمىسىنى سورايسەن، — دەپتۇ تۈلكە، — بۇ كەڭ دالىدا ئۇسسۇزلۇق ۋە ئىس-سىقتىن ئۆلەي دەپ قالغان ئىدىم. بۇ يەر بەك سالقىن ئىكەن ھەم سۈپ-سۈزۈك سۇ بار ئىكەن، راھەتلىنىپ دەم ئېلىۋاتىمەن.

بۇنى ئاڭلىغان قاۋان، "مەنمۇ سۇ ئىچىپ، سالقىنلاپ، راھەتلىنەيچۇ" دەپ ئويلاپ، ئاز-

گالغا چۇشۇپتۇ. شۇ هامان تۇلكه بىر سەك-
رەپ قاۋانىنىڭ توپىسىگە چىقىۋاپتۇ-دە، يەنە
بىر سەكرەپ، ئازگالدىن كەڭ دالاغا چىقىپ
كېتىپ قاپتۇ. قاۋان ئازگال ئىچىدە قاپتۇ.

"يالغانچىغا ئىشەنسەڭ، بېشىڭغا بالا تا-
پىسەن" دىگەن تەمسىل ئەنە شۇنىڭدىن
قالغان ئىكەن.

# ئەركەكمۇ، چىشىمۇ؟

بۇرۇن - بۇرۇندا، تېرىق تۇلۇمدا، يېتىم بۇلۇڭدا ئىكەن. مانا شۇ كۇنلەرنىڭ بىرىدە بىر شەھەردە بىر بېلىقچى ياشىغان ئىكەن. ئۇنىڭ بالىلىرى كوپ، هال - ئوقىتى ناچار ئىكەن. يىغلاپ - قاخشاپ بېلىقچىلىق قىلىپ يۇرگەن كۇنلىرىنىڭ بىرىدە، تورغا ناهايىتى يوغان، كورۇنۇشى بەكمۇ چىرايلىق بىر بېلىق چۇشۇپتۇ. بۇنى كورگەن بېلىقچى بېلىقنى پادىشاغا تارتۇق قىلىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە پادىشادىن جىقراق پۇل ئېلىش تاماسى بىلەن ئولجىنى كوتىرىپ، شاهنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ ۋە بېلىقنى پادىشانىڭ نەزىرىدىن ئوتكۇزۇپتۇ. بېلىق شاهقا مەنزۇر بولۇپ، بېلىقچىغا مىڭ تىللا بېرىشنى غەزىنىچىسىگە بۇيرۇپتۇ. شاهنىڭ بۇ ئەمرىنى ئۇنىڭ ئىچى

تاز بىر ۋەزىرى ماقۇل كورمەي:

— شاھىم، — دەپتۇ خوشامەت بىلەن، — بىر بىلىققا مىلىڭ تىللادىن ئىنئام قىلىۋەرسىلە، ئاز كۈندە غەزنە قۇرۇغدىلىنىپ قالسا، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ھالىمىز نىمە بولماقچى؟

— مەن بەردىم، — دەپتۇ شاھ، — سىنىڭ ئىچىڭ ئاغرىغان بولسا، قولۇڭدىن كەلسە قايتۇرۇۋالغىن.

— خوپ شاھىم، بىلىقنىڭ پۇلىنى قايتۇرۇۋېلىش مەندىن، بىلىقچىنى قايتۇرۇپ كېلىش سىلىدىن بولسۇن.

ۋەزىرنىڭ دىتىنى سىناپ كورمەكچى بولغان شاھ يېنىدىكى ياساۋۇللىرىدىن بىرىنى بۇيرۇپ، بىلىقچىنى ئوردا ئىشىگىدىن ياندۇرۇپ كىرىپتۇ. رەڭگى ئوڭگەن بىلىقچىنى ئوز ئالدىدا كورگەن ۋەزىر پادىشاغا خوشامەت قىلىپ، ئىگىلىپ تازىم قىلغاندىن كېيىن، بىلىقچىغا قاراپ:

— شاھىمىز سېنىڭ ئېلىپ كەلگەن بې-
لىقىڭنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالدى. بېلىقىڭ-
نىڭ ئەركەك ياكى چىشى ئىكەنلىكىنى بىلىپ
بېقىش ئۈچۈن سېنى چاقىرتقان ئىدىم. قېنى،
ئېيتىپ باققىنا، بېلىقىڭ قايسى جىنسقا كى-
رىدۇ؟ — دەپتۇ.

ۋەزىرنىڭ بېلىقچىنى سۆزدە يېڭىلدۇرۇپ،
بېلىقىم ئەركەك دېسە، چىشىسىنى تېپىپ كەل،
چىشى دېسە، ئەركىكىنى تېپىپ كەل، ئاندىن
مىڭ تىللانى ئېلىپ كەت، دەپ ئۇنىڭغا بې-
رىلگەن مىڭ تىللا ئىنئامنى قايتۇرۇۋېلىش
قەستىنى سەزگەن بېلىقچى تەمكىن تۇرۇپ:

— تەقسىر، بۇ بېلىق ئەركەكمۇ ئەمەس،
چىشىمۇ ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىلا
يالغۇز تورغا چۈشكەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

چىچەنلىك بىلەن ۋەزىرنىڭ ھىيلىسىنى يوققا
چىقارغان بېلىقچىنىڭ سۆزىگە كۆڭلى سۆيۈنگەن
شاھ بېلىقچىغا يەنە مىڭ تىللا ئىنئام قىلىپ
يولغا سېلىپتۇ.

## رۇخسەت خېتى

مۇئەللىم گە:

سالامەتلىكىم ياخشى بولمىغاچقا، چۈشتىن كېيىن دوختۇرغا كۆرۈنمەكچى ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن يېرىم كۈنلۈك رۇخسەت بېرىشىڭىزنى سورايمەن.

ھۆرمەت بىلەن: ئەنۋەر

- يىل - ئاينىڭ - كۈنى

## ھوججەت

بازار باشلانغۇچ مەكتەپكە بىر ھارۋا ئوتۇننى 12.00 (ئون ئىككى) يۈەنگە سېتىپ، پۇلنى تاپشۇرۇۋالدىم.

... گۇگشىي ... دادۇي ... ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىن ...

- يىلى - ئاينىڭ - كۈنى

# سالام خەت

بالام ئابدۇقادىر! سىنىڭ 15 - چىسلا يازغان خېتىڭنى تاپشۇرۇۋېلىپ، سالامەت ئىكەنلىكىڭنى ۋە ياخشى ئوقۇۋاتقانلىقىڭنى بىلىپ، خاتىرجەم بولدۇق. مەن ساق - سالامەت تۇرۇۋاتىمەن. ئاپاڭنىڭ سالامەتلىكىمۇ ياخشى. بىز سىنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئالى مەكتەپتە كوپلەپ بىلىم ئېلىپ، خەلققە ياراملىق بىلىم ئەھلى بولۇشىڭنى ئۈمىت قىلىمىز.

بالام ئابدۇقادىر! بىز چوڭ بولۇپ قالساقمۇ تىرىشىپ ئۆگىنىپ ساۋات چىقىرىۋاتىمىز. مەن ھازىر ساۋاتلىق بولۇپ قالدىم. بۇ خەتنى ساڭا ئۆز قولۇم بىلەن يازدىم. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ پات - پات خەت يېزىپ تۇرىمەن.

داداڭ: ئابدۇمجىت

- يىل - ئاينىڭ - كۈنى

# ئانا تىل

قۇتلۇق شەۋقى

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززەتىن قىلغۇم
كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم
كېلۇر.

بۇ ئاناتىل بولسا گەر، ئامېرىكايۇ، ئافرىقىدا،
سەرپ ئېتىپ مىڭلارچە تىللا ئاندە مەن
بارغۇم كېلۇر.

ئى ئاناتىل بىزگە سەن — ئۆتكەن ئۇلۇغ-
لاردىن نىشان
سەن بىلەن روھىي زىمىندا ئىپتىخار ئەت-
كۇم كېلۇر.

ئېلىپبە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا كىتاپخانىسى تارقىتىدۇ

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇدىدا بېسىلدى

1981- يىل 3- ئاي 1- نەشرى

1981- يىل 4- ئاي 1- بېسىلىشى

كىتاپ نومۇرى: M7098·42

باھاسى: 0.12 يۈەن

مۇقاۋىدىكى رەسىمنى يۈرەن سىزغان

统一书号：M7098·42
定　价：　0.12元